# 14102 - ھاراق زاۋۇتىدا ئىشلەش توغرىسىدا

## سوئال

سوئال:
ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ساتىدىغان كىشىلەرنىمۇ مۇسۇلمان دەپ ئاتايمىزمۇ؟ مۇسۇلمان ھاراق زاۋۇتىدا ئىشلىسە قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ باشقا ئىش تېپىلمىغاندىمۇ بۇ خىزمەتنى تاشلىشى كېرەكمۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

جاۋاب:
بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.
ھاراق ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى سېتىش ۋە ھاراق ئىشلەپ چىقىرىش ئورۇنلىرىدا ئىشلەش شەرئىيەتتە چەكلەنگەن، قارشى ئېلىنمايدىغان ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **«ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھ ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار»**. ھەقىقەتەن ھاراق-تاماكا ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى سېتىش گۇناھ ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشكەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھاراق ئىشلەپ چىقىرىش ئورۇنلىرىدا ئىشلەشمۇ گۇناھ ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **«ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلمىشلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار، شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى ھاراقتىن، قىماردىن يانمامسىلەر؟!»**.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھاراققا، ئىچكۈچىگە، قۇيۇپ بەرگۈچىگە، ياساشقا بۇيرۇغۇچى ۋە بۇيرۇلغۇچىغا، يۆتكەپ ئەكىلىشكە بۇيرۇغۇچى ۋە ئەكىلىپ بەرگۈچىگە، ساتقۇچى ۋە سېتىۋالغۇچىغا ۋە پۇلىنى ئىشلەتكۈچى قاتارلىقلارغا لەنەت ئېيتقان.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ئاللاھ تائالا ھاراق ئىچىپ مەستلىك ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنى دوزاخ ئەھلىدىن ئاققان تەر ۋە سېرىق سۇ بىلەن سۇغۇرۇشنى ۋەدە قىلدى»**.

هاراق ئىچكۈچىگە قارىتا شەرىئەتنىڭ هۆكمى: ئەهلى سۈننەت ۋەلجامائە ئەقىدىسىدە، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايىتىنىڭ هۆكمى بويىۇنچە: **«ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»**، ئۇ كىشى هاراق ئىچكەن سەۋەپتىن ئىمانى ناقىس، پاسىق، گۇناھكار بولۇپ تەۋبە قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسە قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بويىۇنچە خالىسا ئەپۇ قىلىندۇ ياكى جازاغا تارتىلىندۇ. بۇ هاراقنى هالال دەپ ئىتىقاد قىلماي ئىچكەن كىشىنىڭ هۆكمى.

ئەمما هاراقنى هالال دەپ ئىتىقاد قىلىپ ئىچكەن بولسا، تەۋبە قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بارلىق دىنى ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئۇ كىشىنىڭ جەستى يۇيۇلمايدۇ، نامىزى چۈشۈرۈلمەيدۇ، مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغىمۇ دەپنە قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلىپ ئۆلدى(هاراقنى هارام دېگەن سۆزنى هالال دەپ قارىغانلىقتىن). شۇنىڭدەك زىنا، بەچچىۋازلىق، جازانىخورلۇق ۋە شەرىئەت ئالىملىرى هارام دەپ بىرلىككە كەلگەن ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش، يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن سەۋەبسىز ئادا-جۇدا بولۇش، ناهەق ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق گۇناهلارنى جايىز دەپ ئىتىقاد قىلىدىكەن ئۇ ئادەم كافىر بولىدۇ (يەنى مەن ئەركىن خالىغىنىمنى قىلىمەن دەپ ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن ئىشلارنى ئىنكار قىلسا ياكى كۆزگە ئىلماستىن مەسخىرە قىلسا).

ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ هاراملىقىنى بىلگەن هالدا، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلىپ چەكلەنگەن گۇناهلارنى ئىشلەيدىكەن، ئۇ ئادەم تەۋبە قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشىمۇ هاراق ئىچكەن كىشىگە ئوخشاش قىيامەتتە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بويىۇنچە خالىسا ئەپۇ قىلىندۇ ياكى جازاغا تارتىلىندۇ. ئاللاھ ھەممىمىزنى تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن.

توغرىسنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.